# ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ

# ئىزاھلىق لۇغىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ
# ئىزاھلىق لۇغىتى


تۈزگۈچىلەر : ھەمدۇللا ئابدۇراخمان

ئەسقەر ئابدۇقادىر

ئابدۇزاھىر تاھىر



## شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔语外来词详解词典/海木都拉.艾斯卡尔编写。
—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.4
ISBN7—228—06388—0
1.维... Ⅱ.艾... Ⅲ.维吾尔语(中国少数民族语言)—外来语—词典 Ⅳ.H215.3
中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第21077号

维吾尔语外来词详解词典 (维吾尔文)
海木都拉.阿布都热合曼
艾斯卡尔.阿布都哈德尔 编著
阿布都扎伊尔.塔伊尔

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168毫米 1/32开本 23.125印张
2001年5月第1版 2001年5月第1次印刷
印数:1—5,000

ISBN7—228—06388—0/H·205
定价:30.00元

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەكبەر ئېلى ، مېھرىگۈل ئوبۇلقاسىم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : ئابدۇۋەلى

# ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

ھەمدۇللا ئابدۇراخمان
تۈزگۈچىلەر : ئەسقەر ئابدۇقادىر
ئابدۇزاھىر تاھىر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 23.125
2001 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1 — 5,000
ISBN7—228—06388—0/H • 205
باھاسى : 30.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

«ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن كىرگەن سۆزلەر لۇغىتى» ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى كەسپداشلارنىڭ جىددىي تەلىپىگە ئاساسەن ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە تېخنىكومىلاردىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار، ئاخبارات، نەشرىيات خادىملىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىغا قىزىققۇچى ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا بولغان چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە تۈزۈلدى.

مەزكۇر لۇغەتكە ئۇيغۇر تىلىغا چەت ئەل تىللىرىدىن كىرگەن تۈپ ۋە ھەر ئىككىلا تەركىبىي چەت ئەل تىلىغا تەۋە بولغان ياسالما سۆزلەردىن بولۇپ 10 مىڭچە سۆز كىرگۈزۈلدى.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نىڭ ئاخىرقى تومىلىرىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ئەگىشىپ جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلىرىدىن «ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن كىرگەن سۆزلەر لۇغىتى»نى ئىشلەش ھەققىدىكى تەكلىپلەر كۆپ بولدى. بىز مۇشۇ تەكلىپلەرنىڭ ئىلھامى بىلەن مەزكۇر لۇغەتنى ئىشلەپ نەشرگە تەييارلىدۇق.

قولىڭىزدىكى بۇ لۇغەت ئەنە شۇ ئەمگەكنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، لۇغەتكە چەتئەل تىللىرىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچە شەكلى، قايسى تىلدىن كىرگەنلىكى، سۆز تۈركۈمى، ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى ۋە ئۇنى ئىشلىتىلىدىغان پاكىتلىق جۈملە مىسالى قاتارلىقلار بېرىلدى. دەسلەپكى قەدەمدىكى ئەمگەك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلى تىلدىكى يېزىلىشى، ئوقۇلۇشى، مەنىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش مەلۇماتلارنى بەرمىدۇق. بۇ ھەقتە كىتابخانلارنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ، كېيىنكى تۈزىتىشتە تولۇقلاش ئويىمىز بار.

مەزكۇر لۇغەتنى دەسلەپكى قەدەمدە سىناق سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىزگە ئىلھام بەرگەن ھەر ساھەدىكى زاتلارغا، مۇناسىۋەتلىك نەشرىيات خادىملىرىغا، شۇنداقلا كەڭ كىتابخانلارغا قىزغىن رەھمەت ئېيتىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ لۇغەتنىڭ كېيىنكى نەشرىدە تېخىمۇ سۈپەتلىك، توغرا بولۇشى ئۈچۈن كەڭ پايدىلانغۇچىلارنىڭ بۇ سىناق نۇسخىدا ساقلانغان تۈرلۈك مەسىلىلەر ۋە بۇ ھەقتىكى يېڭىچە پىكىر-تەكلىپلىرىنى بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

تۈزگۈچىلەردىن

2000-يىل 3-ئاي

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە

1. مەزكۇر لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن بارلىق سۆزلەر باش ماددا قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. باش ماددىلار قوۇر بېشى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، قارا ھەرپ بىلەن بېرىلدى.

2. باش ماددا قىلىنغان ھەرقايسى سۆزلەر ئىنچىكە ئېلىپبە تەرتىپىدە تىزىلدى.

3. ئاھاڭداش سۆزلەر ئايرىم ماددا قىلىپ ئېلىنىپ، رىم رەقەملىرى بىلەن ئايرىپ كۆرسىتىلدى. مەسىلەن:

**پىستە** I ئى [ پ ] < بوت > ① سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى ئېگىز ئۆسىدىغان چوڭ دەرەخ.
② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**پىستە** II ئى [ پ ] < زوئول > ئىتنىڭ بىر سورتى. تېنى كىچىك، تۈكلىرى ئۇزۇن، پۇتى قىسقا بولىدۇ.

**خور** I ئى [ ر< گرېك ] < مۇز > كوللېكتىپ ئېيتىلغان ناخشا.

**خور** II سۈپ [ پ ] ھېچ كىشى نەزەرىگە ئىلمايدىغان، كەمسىتىلگەن، ئېتىبارسىز، خار.

4. يېزىلىشى ئوخشاش، ئەمما ئوقۇلۇشى مەلۇم سوزۇق تاۋۇشنى سوزۇپ ئوقۇش ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلىدىغان سۆزلەر ئايرىم-ئايرىم ماددا قىلىپ ئېلىندى. تىرناق ئىچىگە شۇ ماددا ئېلىنىپ ئوقۇلىدىغان تاۋۇشتىن كېيىن سوزۇلما سوزۇق بەلگىسى ( : ) قويۇلدى. مەسىلەن:

**چازا** I (چا : زا) ئى [ خەن ] تەكشۈرۈش ئورنى، قاراۋۇلخانا؛ توسۇق: چازا قۇرماق.

**چازا** II (چا : زا) ئى [ خەن ] چاچ قاتارلىقلارنى قىسىپ قويىدىغان تۆمۈر ياكى سۆلياۋ بۇيۇم، قىسقۇچ: چازا قىستۇرناق.

**چازا** III ئى [ پ ] ئىككى پۇتىنى بىر-بىرىگە ئالماشتۇرۇپ، ئىككى تىقىمىغا چاپلاپ ئولتۇرۇش ھالىتى: چازا قۇرماق.

5. بىر قىسىم ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى ئېگىز سوزۇق تاۋۇش شۇ سۆزگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنداق سۆزلەرنىڭ چۈشـۈپ قالغاندىن كېيىنكى شەكلى تىرناق ئىچىگە III شەخس بىلەن كۆرسىتىپ قويۇلدى. مەسىلەن:

**شەكىل (شەكلى)**
**نەسىل (نەسلى)**
**جىسىم (جىسمى)**
**قىسىم (قىسمى)**

6. بىر ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ئاجىزلاشمىسا، ئىرناق ئىچىگە ئاجىزلاشمىغان شەكلى III شەخس بىلەن كۆرسىتىپ قويۇلدى. مەسىلەن:

**بالا (بالاسى)**
**رام (رامى)**
**ماتا (ماتاسى)**
**نام (نامى)**
**ئەدنا (ئەدناسى)**
**ئەسلىھە (ئەسلىھەسى)**
**خۇدا (خۇداسى)**

7. تـوپ سـۆزلەرنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان قىسقارتىلما سۆزلەر بېرىلدى. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئال | ئالماش |
| باغ | باغلىغۇچى |
| ئىر | ئىركەلمە |
| رەۋ | رەۋىش |
| سان | سان |
| سۈپ | سۈپەت |
| مىق | مىقدار سۆز |
| ئى | ئىسىم |
| ئىم | ئىملىق سۆز |
| يۈك | يۈكلىمە |

8. سۆز تۈركۈملىرىنى بىلدۈرىدىغان قىسقارتىلما سۆزلەر ھەممە مەنە تۈرلىرىگە خاس بولسا، بىرىنچى مەنە تۈرىنى بىلدۈرىدىغان رەقەمنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. خاس بولمىسا، تېگىشلىك مەنە تۈرلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.

9. لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ ئېتمولوگىيسى بېرىلدى. ئېتمولوگىيىلىك قىسقارتىلما سۆزلەر ئوتتۇرا تىرناق ( [ ] ) ئىچىگە ئېلىندى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

[ ئە ] ئەرەبچە
[ پ ] پارسچە
[ خەن ] خەنزۇچە
[ ر ] رۇسچە
[ گرېك ] گرېكچە
[ گول ] گوللاندچە
[ لات ] لاتىنچە
[ نېم ] نېمىسچە
[ فران ] فرانسۇزچە
[ هند ] هىندىچە
[ ئىتال ] ئىتالىيانچە
[ ئىنگ ] ئىنگلىزچە
[ ئىسپان ] ئىسپانچە
[ ياپون ] ياپونچە
[ سانس ] سانسكرىتچە

10. مەلۇم بىر تىلدىن كىرگەن سۆزنىڭ ئەسلىسى يەنە باشقا بىر تىلدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بولسا، كېلىپ چىقىش بەلگىسى ( > ) ئارقىلىق كۆرستىپ قويۇلدى. مەسىلەن:

**ئامبۇلاتورىيە** ئى [ ر> لات ]

**باندىت** ئى [ ر> ئىتال ]

11. مەلۇم ئىلىم-پەن ياكى مەلۇم بىر ساھەگە خاس بولغان سۆزلەرگە زۆرۈر تېپىلغاندا، قىسقارتىلما سۆز بىلەن قايسى پەن ياكى سەھەگە تەۋە ئىكەنلىكى كۆرستىپ قويۇلدى. لۇغەتتە ئىشلىتىلگەن قىسقارتىلما تۆۋەندىكىچە:

1. > ئارخېئول > ئارخېئولوگىيە
2. > ئانات > ئاناتومىيە
3. > ئاستر > ئاسترونومىيە

4. < ئەد > ئەدەبىيات
5. < بوت > بوتانىكا
6. < بىئول > بىئولوگىيە
7. < بىن > بىناكارلىق
8. < پەلس > پەلسەپە
9. < پسخول > پسخولوگىيە
10. < تارىخ > تارىخ
11. < تەن > تەنتەربىيە
12. < تىب > تىببىي ئىلىم
13. < تىل > تىل-يېزىق، تىلشۇناسلىق
14. < تىيا > تىياتىر
15. < جۇغ > جۇغراپىيە
16. < چار > چارلاش-قېدىرىش
17. < خىم > خىمىيە
18. < دىن > دىن
19. < سودا > ئىچكى-تاشقى سودا
20. < سۇ > سۇ ئىشلىرى
21. < س ئىق > سىياسىي ئىقتىساد
22. < فىز > فىزىكا
23. < قاتن > قاتناش-ترانسپورت
24. < قا > قانۇن ئىشلىرى
25. < كىنو > كىنو ۋە فوتوگرافىيە
26. < گ سەن > گۈزەل سەنئەت
27. < گېئول > گېئولوگىيە
28. < لوگ > لوگىكا
29. < مائار > مائارىپ يەنى مائارىپ ئىشلىرى
30. < مات > ماتېماتىكا
31. < ماشن > ماشىنىسازلىق

32. < مەت > مەتبۇئاتچىلىق

33. < مۇز > مۇزىكا، ناخشا

34. < مېتېئور > مېتېئورولوگىيە

35. < ھەرب > ھەربىي ئىشلار

36. < ئورم > ئورمانچىلىق

37. < ئۆس > ئۆسۈملۈك

38. < ئۆلچ > ئۆلچەش ئىشلىرى

39. < ئىر > ئىرسىيەتشۇناسلىق

40. < ئىرق > ئىرقشۇناسلىق

12. ئىلىم-پەن ياكى مەلۇم ساھەگە خاس قىسقارتىلما سۆزلەر ھەممە مەنە تۈرىگە خاس بولسا، بىرىنچى مەنە تۈرىنى كۆرسىتىدىغان رەقەمنىڭ ئالدىغا قويۇلدى، پەقەت ئايرىم مەنە تۈرىگە خاس بولسا، شۇ مەنە تۈرىنى كۆرسىتىدىغان رەقەمدىن كېيىن قويۇلدى.

13. لۇغەتتە ئىستېمال دائىرىسى، زۆرۈر تېپىلغاندا قىسقارتىلما سۆز بىلەن ئېنىقلاپ قويۇلدى. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئايال | ئاياللارغا خاس سۆزلەر |
| جان ت | جانلىق تىل |
| دىئال | دىئالېكت سۆزى |
| سەلب | سەلبىي مەنىدىكى سۆز |
| يېز ت | يېزىق تىلى، كىتابىي سۆز |
| تىل ھا | تىل-ھاقارەت، قارغىش سۆزى |
| كونا | كونىرىغان سۆز |
| تار س | تارىخىي سۆز |
| بال س | باللار سۆزى |

14. مەزكۇر لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن ھەربىر سۆزنىڭ مەنىسى قىسقا ۋە ئېنىق قىلىپ ئىزاھلاندى. سۆز مەنىلىرىنى ئىزاھلىغاندا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ قوللىنىلىۋاتقان مەنىلىرى ئاساس قىلىندى.

15. لۇغەتتە بىردىن ئۇشۇق مەنىگە ئىگە بولغان سۆزلەرنىڭ ھەربىر مەنىسى رەت تەرتىپى بويىچە «①، ②، ③، ... ... » دېگەن رەقەملەر بىلەن ئايرىلدى.

16. سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنە بۆلەكلىرىگە قويۇلغان رەقەمدىن كېيىن «كۆچمە» دېمەك ئەسكەرتىپ قويۇلدى. مەسىلەن:

**ئاسمان** ئى [ پ ] < ئىلستر > ① يەر ئۈستىدە گۈمبەز شەكلىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان ھاۋا رەڭ بوشلۇق؛ پەلەك، كۆك: ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق. ② كۆچمە. ناھايىتى يۇقىرى، ئېگىز: سۇلتاننىڭ ئۇچۇرغان ئايروپىلانى تېزلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، موللاق ئېتىشقا باشلىدى.

**بىخ** [ پ ] ئى ① ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىز، غول ۋە شاخلىرىدىن بىخى ئۆسۈپ چىققان قىسمى، تېرىلغان ئۇرۇقلاردىن چىققان ئۈندۈرمە: بىخ چىقارماق. بىخ سۇرمەك. ② سۈپ < بىئول > بىخ ھالەتتىكى، بىخى: بىخ سىپورا. ③ ئى. كۆچمە. مەيدانغا كەلگەن يېڭى يۈزلىنىش، خاھىش: بۇ زىددىيەت ھازىرقى زاماندىكى بارلىق توقۇنۇشلارنىڭ بىخلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**داۋا** ئى [ ئە ] ① كېسەلنى ساقايتىش چارىسى، دورا-دەرمەك. ② پايدىلىق ۋاستە، شىپا: ساپ ھاۋا تەنگە داۋا (ماقال).

17. ئوخشاش مەنىلىك سۆزنىڭ ئاز قوللىنىلىدىغىنى كۆپ قوللىنىلىدىغىنىغا؛ كونىرىغان سۆز ھازىر قوللىنىلىۋاتقىنىغا ھاۋالە قىلىنىپ ئىسترېلكا ( ← ) بەلگىسى بىلەن كۆرسىتىپ قويۇلدى. مەسىلەن:

**باكتېرىن** ئى [ ر ] < بىئول > ← **ۋاكسىنا.**

**دىبەن** ئى [ خەن ] < خىم > ← **نېگاتىپ.**

**دىنام** ئى [ ر ] < ماشىن > ← **گېنېراتور.**

**دىۋان** ئى [ ر < پ ] < بىن > ← **ساپا.**

**ئىشتەي** ئى [ ئە ] جلن ت ← **ئىشتىھا.**

**ئىلمىنۇجۇم** ئى [ ئە ] ← **ئاسترونومىيە.**

**داشۆ** ئى [ خەن ] ← **ئۇنىۋېرسىتېت.**

18. سۆزلەرنى ئىزاھلىغاندا مەنە دائىرىسىنى ياكى ئۇلارنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى چەكلەشكە توغرا كەلسە، ئىزاھتىن بۇرۇن ياكى ئىزاھتىن كېيىن تىرناق ئىچىدە ئېنىقلىما بېرىلدى. مەسىلەن.

**بەندە** ئى [ پ ] ① ...... ② (جانلىقلارغا نىسبەتەن) ئادەم، كىشى: مۆمىن بەندە. ③ كۆچمە. مەستانە، ئاشىق: كىتاب بەندىسى.

**خىلۋەت** سۈپ [ ئە ] كۆپ كىشى بارمايدىغان؛ ئادەملەردىن، كۆزدىن يىراق؛ ھېچ كىم

此为试读, 需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

كۆرمەيدىغان، خالىي؛ چەت، ياقا (يەر-جاي ھەققىدە): خىلۋەت جاي. خىلۋەت ماكان.
**خىزمەتداش** ئى[ ئە+پ] بىرگە خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەر (بىر-بىرىگە نىسبەتەن): مېنىڭ بىر خىزمەتدىشىم بار ئىدى، ئۆزى بەكمۇ ۋىجدانلىق يىگىت ئىدى.
**شەھلا** سۈپ[ ئە] بېز ت. نۇرلۇق، قارىغا مايىل كۆك ۋە چوڭ-چوڭ (كۆز ھەققىدە): شەھلا كۆز. * نەزمىلەر پۈتتۈم كۆزى شەھلاغا، چىقمىدى يارىم ئۆيىدىن تالاغا.
**شەيتان** I ① ئى ............ ② سۈپ. كۆچمە. شوخ، چاققان، ھەرىكەت ۋە قىلىقلىرى ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان (باللار ھەققىدە): — ھەي شەيتان قىز، مېنى ئالداپسىز-دە، — دېدى نۇرۇم. ③ ئى ........ ④ ئى ........
**شوخ** سۈپ[ پ] ① ............ ② ............ ③ كۆچمە. ئويناق، چاققان، ئەركىن (تۇرلۇك نەرسىلەرنىڭ ھەرىكىتى توغرىسىدا): ئاسىيەنىڭ زىلۋا قامىتى، شوخ ئۇسسۇلى، يېقىملىق تەبەسسۇمگە تولغان چېھرى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ④ كۆچمە. كىشىگە شادلىق تۇيغۇسى ۋە ھوزۇر بېغىشلايدىغان، يېقىملىق، جۇشقۇن (ناخشا-مۇزىكا، قوشاق، شامال قاتارلىقلار ھەققىدە): شوخ كۈي. شوخ ناخشا. شوخ پەدە. شوخ شامال.

19. كونىرىغان شەيئىلەرنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن باشقا، لۇغەتكە ئېلىنغان ھەربىر كونكرېت مەنىلەرنى ئىسپاتلايدىغان ئەركىن سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملە مىسالى بېرىلىدى. بىر سۆزنىڭ مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولماي، سۆز تۈركۈمىدىلا ئۆزگىرىش بولسا، ئىككى خىل سۆز تۈركۈمى ۋەزىپىسىدە كەلگەن ئەركىن سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملە مىساللىرى ئېلىنىدى. جۈملە مىساللىرى ئارىسىغا قوش يانتۇ سىزىق (//) قويۇلدى.

تۈزگۈچىلەردىن
2000-يىل 4-ئاي

# ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئا | ئە | ب | پ | ت | ج | چ | خ |
| د | ر | ز | ژ | س | ش | غ | ف |
| ق | ك | گ | ڭ | ل | م | ن | ھ |
| ئو | ئۇ | ئۆ | ئۈ | ۋ | ئې | ئى | ي |

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................ 1
لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە ......... 2
لۇغەت تېكستى ............ 1 — 722
ئا ............................ 1
ئە ............................ 30
ب ............................ 51
پ ............................ 85
ت ............................ 131
ج ............................ 172
چ ............................ 189
خ ............................ 199
د ............................ 226
ر ............................ 263
ز ............................ 286
ژ ............................ 304
س ............................ 305
ش ............................ 353
غ ............................ 380
ف ............................ 388
ق ............................ 400
ك ............................ 418
گ ............................ 464
ل ............................ 492
م ............................ 508
ن ............................ 585
ھ ............................ 614
ئو ............................ 640
ئۇ ............................ 647
ئۆ ............................ 652
ئۈ ............................ 653
ۋ ............................ 654
ئې ............................ 672
ئى ............................ 690
ي ............................ 722

# ئا

**ئابدال** ئى [ ئە ] قەلەندەر، دىۋانە، تىلەمچى.

**ئابدىمىلىك** ئى [ ئە ] < بوت > سۇتلۇك ئوت ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر يىللىق ياكى كۆپ يىللىق شاداا غوللۇق ئۆسۈملۈك. «ئىنەكپىتى»مۇ دېيىلىدۇ.

**ئابروي** ئى [ پ ] جامائەت ئىچىدە ئىگە بولغان ھۆرمەت؛ ئىناۋەت، نوپۇز: ئابروينى تۆكمەك. * ئۇ دائىم ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتقانلىقى ئۈچۈن، ئابرويى بىر پۇل بولدى.

**ئابرويپەرەس** سۈپ [ پ ] نام-شۆھرەت، ئابروي قوغلىشىدىغان: ئۇ ئىنتايىن ئابرويپەرەس پادىشاھ ئىدى.

**ئابزاس** ئى [ ر < نېم ] مەلۇم مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى باش قۇر ئارىسىدىكى تېكىست: بىر ئابزاس. ئاخىرقى ئابزاس.

**ئابستراكت** سۈپ [ ر ] پىكىر قىلىش ئارقىلىق تەسەۋۋۇر قىلىنغان، كونكرېت تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈلمىگەن؛ ئېنىق بولمىغان، مەۋھۇم: ئابستراكت ئۇقۇم. ئابستراكت تەبىر. ئابستراكت تەپەككۇر.

**ئابستراكسىيە** ئى [ ر < لات ] < لوگ > ① نۇرغۇن شەيئىنىڭ ئايرىم، ماھىيەتسىز بەلگىلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئورتاق، ماھىيەتلىك بەلگىلىرىنى ئايرىۋېلىپ پىكىر يۈرگۈزۈش. ② مەۋھۇم چۈشەنچە، ئابستراكسىيىلەشتۈرۈش يولى بىلەن ھاسىل قىلىنغان نەزەرىيىۋى ئومۇملاشتۇرما، نەزەرىيىۋى خۇلاسە.

**ئابسېسسا (ئابسېسساسى)** ئى [ ر < لات ] < مات > تەكشىلىكتىكى خالىغان بىر نۇقتىدىن كوردىنات ئوقىغىچە بولغان ئارىلىق بۇ نۇقتىنىڭ ئابسېسساسى دېيىلىدۇ.

**ئابھاۋا** ئى [ پ+ئە ] سۇ ۋە ھاۋا، ھاۋا رايى، كىلىمات.

**ئابونە** ئى [ پ < فران ] < مەت > گېزىت، ژۇرنال ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا ئالدىن ھەق تۆلەپ يېزىلىش: ھازىردىن باشلاپ بىزگە بەزىبىر ئۇيۇشمىلار ئابونە پۇلىنى ئەۋەتمىۋاتىدۇ.

**ئابچەشمە** ئى [ پ ] بىزەت ① بۇلاق سۈيى. ② ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقامنىڭ» بىرىنىڭ نامى. ئۇ 15 نەغمە — ئاھاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئابىدە** ئى [ ئە ] < ئارخېئول > قەدىمكى شەھەر، مەھەللە، مۇنارلار ۋە قەبرە، قەبرىگاھلارنىڭ يولىغا ياكى ئۇنىڭ ئالدىغا تىكلەپ قويۇلغان، ئۇستىگە ئەستىلىك خەت — ئىبارىلەر ياكى سۈرەتلەر چېكىلگەن چوڭ

خاتىرە تاشلار.

**ئابراۋان** ئى [ پ ] بېزت. ئاقار سۇ.

**ئابزەمزەم** ئى [ پ+ئە ] بېزت ① زەمزەم سۈيى. ② شىپالىق سۇ.

**ئابكەۋسەر** ئى [ پ+ئە ] بېزت ① دىنىي رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان جەننەتتىكى كەۋسەر بۇلىقىنىڭ سۈيى. ② كۆچمە. شىپالىق سۇ: ئانا ئوغلىنىڭ بېشىنى يۆلەپ، ئاغزىغا ئابكەۋسەر تېمىتىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ.

**ئابناۋات** ئى [ پ+ئە ] ① بېزت. ناۋات سۈيى، شېكەر شەربىتى. ② سېرىق ئالا پوستلۇق، شېرىن تەملىك بىر خىل قوغۇن.

**ئابھايات** ئى [ پ+ئە ] بېزت. رىۋايەتلەردىكى تىرىكلىك بېغىشلىغۇچى سۇ، ھاياتلىق سۈيى.

**ئاپەت** ئى [ئە] ① تەبىئەت ھادىسىلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر زىيان-زەخمەت: ئوت ئاپىتى. قۇرغاقچىلىق ئاپىتى. سۇ ئاپىتى. ② باشقا كەلگەن ئوڭۇشسىزلىق، ئېغىر بەختسىزلىك؛ زور بالا-قازا: ئاپەت كۆرمەي دېسەڭ ھوشيار بول (ماقال). * بۇ بالا بىزگە بىر ئاپەت بولدى.

**ئاپپارات** ئى [ ر< لات ] ① مەلۇم بىر ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەسۋاب، مېخانىزم: فوتو ئاپپارات. تېلېفون ئاپپاراتى. ② ئىدارە، جەمئىيەت، تەشكىلات قاتارلىق خىزمەت ئورگانلىرى: ئاپپاراتلارنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلماقتا.

**ئاپتاپ** ئى [ پ ] ① قۇياش، كۈن: ئاپتاپ چىقتى. * بىر كىشى ئەپەندىمدىن: «ئەپەندىم، ئاپتاپ ياخشىمۇ، ئايمۇ» دەپ سوراپتۇ. ② قۇياش تارقاتقان نۇر، ئىسسىقلىق: ئاپتاپ چاقتى. * ۋۇي، ساۋۇت قارىي، يەنە مەيدەڭنى ئاپتاپقا قاقلاپ ئولتۇرۇپسەنغۇ ③ قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرغان، قۇياش نۇرى ئىسسىتىپ تۇرغان جاي: مەن ئاپتاپتا ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلىدىم.

**ئاپتاپپەرەس** [ پ ] < بوت > ① ئى. بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يۈرەكسىمان، سېرىق چېچەكلەيدۇ، دائىم قۇياشقا باقىدۇ، ئۇرۇقىدىن ياغ تارتىلىدۇ. ② سۈپ. ئاپتاپنى ياخشى كۆرىدىغان: ئاپتاپپەرەس ئۆسۈملۈكلەر.

**ئاپتوبۇس** ئى [ ر< گرېك+لات ] < ملشن > يولۇچىلارنى توشۇيدىغان، كۆپ ئورۇندۇقلۇق، ئۈستى يېپىق ئاپتوموبىل.

**ئاپتور** ئى [ ر< لات ] ئەدەبىي ياكى ئىلمىي ئەسەر يازغان كىشى؛ مۇئەللىپ: رومان ئاپتورى. ماقالە ئاپتورى.

**ئاپتول** ئى [ ر< گرېك+لات ] ئاپتوموبىل، تراكتور ۋە باشقا ماشىنىلارنىڭ ئايلىنىدىغان قىسىملىرىنى مايلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، نېفىتتىن ئېلىنىدىغان بىر خىل ماي.

**ئاپتومات** ئى [ ر < گرېك ] < ھەرب > يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش ۋە ھۇجۇمغا ئۆتۈشتە ئىشلىتىلىدىغان، تېز ئېتىلىدىغان قورال.

**ئاپتوماتىك** سۈپ [ ر ] بەلگىلەنگەن ئىشنى ئىچكى مېخانىزم ياردىمىدە ئۆزى بېجىرىدىغان، ئۆز-ئۆزىدىن ئىشلەيدىغان: ئاپتوماتىك تېلېفون. ئاپتوماتىك قەلەم. * ئېلېكتر قوڭغۇرىقىنىڭ ئاپتوماتىك باشقۇرۇلۇش قۇرۇلمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياسالدى.

**ئاپتوموبىل** ئى [ ر < گرېك+ لات ] < ماشىن > دۋىگاتېل ئورنىتىلغان، ئادەم ۋە يۈك توشۇيدىغان، تۆت ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق چاقلىق ترانسپورت ۋاستىسى.

**ئاپتونوم** سۈپ [ ر] ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە بولغان، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان، ئاپتونومىيىلىك: ئاپتونوم يېزا. ئاپتونوم رايون.

**ئاپتونومىيە** ئى [ ر< گرېك ] مىللەت، تەشكىلات، رايون قاتارلىقلارنىڭ ئۆزى قاراشلىق دۆلەت، ھۆكۈمەت ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇننىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغاندىن تاشقىرى، ئۆز ئىشىدا مەلۇم ھوقۇقنى يۈرگۈزۈشى: مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە.

**ئاپتوۋا** ئى [ پ ] يۈز، پۇت-قول يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە جۈمەكلىك، بوغۇزى تار، مىس ۋە تۈچ قاتارلىقلاردىن ياسالغان بۇيۇم.

**ئاپرېل** ئى [ ر < لات ] < ئلستر > ① بۇ قەدىمكى رىم خرىستىئانچىلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى. ئۇ مىلادىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن بۇ ئاي شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ② مىلادىيە كالېندارى بويىچە 4-ئاي.

**ئاپشاركا** ئى [ ر] ئىتنىڭ بىر خىلى، ھەربىي ئىشلار ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قاتارلىق خىزمەتلەردە تۈرلۈك ئەنزىلەرنى پاش قىلىش، ئېنىقلاشتا پايدىلىنىدۇ.

**ئاپقۇر** ئى [ پ ] چىنىنىڭ چوڭراق بىر تۈرى: ئۇ ئۆچكىسىدىن كۈنگە بىر ئاپقۇر سۈت سېغىۋالىدىكەن.

**ئاپورت** سۈپ [ ر] ئالمىنىڭ بىر تۈرى، رەڭگى قىزىل ياكى تاغىل بولۇپ، ئادەتتىكى ئالمىلاردىن چوڭراق، تەمى چۈچۈمەل بولىدۇ.

**ئاپېلسىن** ئى [ ر < گول ] < بوت > ① رۇتا ئائىلىسىگە كىرىدىغان كىچىك دەرەخ. يالغۇز ياكى توپ ھالەتتە ئاق چېچەكلەيدۇ، پىشقان مېۋىسى قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك بولىدۇ. ② شۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى.

**ئاپىرىدە** ئى [ پ] «بولماق، قىلماق» ياردەمچى پېئىللار بىلەن كېلىپ «تۆرەلمەك، پەيدا بولماق؛ تۆرەلدۈرمەك، پەيدا قىل-

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com